ياشلىق باھارىڭلار بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلاردا رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇڭلار

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىيەت داۋامىدا خىزمەت قابىلىيىتىڭلارنى ئۆستۈرۈپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان ئىش ئورنىدا داۋاملىق جان تىكىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، كەڭ ياشلارنى بوران ـ چاپقۇندىن قورقماي، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشقا يېتەكلەپ، ياشلىق باھارىڭلار بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلاردا رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار» ۋەكىللىكىدىكى بىر ئەۋلاد ياشلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تۆھپە قوشۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. خۇبېيغا ياردەمگە بارغان 42 مىڭدىن كۆپرەك تېببىي خادىمنىڭ 12 مىڭدىن كۆپرەكى «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار»، ئۇنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسمى «95 ـ يىلدىن كېيىن تۇغۇلغانلار»، ھەتتا «2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلار». يېقىندا، بېيجىڭ داشۆنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» 34 پارتىيە ئەزاسى باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدىكى ھاياتلىقنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، پارتىيە ئەزالىق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە كۆلەمنى كېڭەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، مەھسۇلات كۆزلىمە نىشانىغا بالدۇرراق ئومۇميۈزلۈك يېتىشكە تۈرتكە بولۇپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەي، يېزا ئىگىلىك ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشكە ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تەشكىللەپ، پۈتۈن يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك؛ تۈر قۇرۇلۇشىدا سۈرئەتنى تېزلىتىپ، تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، يېڭىدىن ئىش باشلانغان ۋە داۋاملاشتۇرۇلىدىغان تۈرلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئىستېمال ئېھتىياجىنى تولۇق قوزغاپ بېرىپ، تور ۋە تور سىرتىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تاۋار ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىستېمال بازىرىنى جانلاندۇرۇپ، ماددىي بۇيۇم ئىستېمالى ۋە مۇلازىمەت ئىستېمالىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ سالمىقىنى زورايتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، توردا ئالاقىلىشىش، كېڭىشىش، سودا ۋىزىسى بېجىرىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، سودا پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكسپورتنى پائال كېڭەيتىش كېرەك؛ قاتناش ـ ترانسپورتنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلاندۇرۇپ، ترانسپورت كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتىنىڭ تەرتىپلىك ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ساياھەت كەسپىدە پۈتۈن ساھە بويىچە كۈچەپ، تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ساياھەتچىلىكنى يېتىلدۈرۈپ زورايتىپ، ئىستراتېگىيەلىك تۈۋرۈك كەسپكە ئايلاندۇرۇش كېرەك؛ يۆلەش سىياسىتىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، بازارنىڭ سۇبيېكتلىق ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇپ، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ نورمال بولۇشىغا، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ ۋە توسۇپ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ۋەۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى دەرىجىمۇدەرىجە قانات يايدۇرۇپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش، سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش، يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش سىياسەتلىرىنىڭ مۇقىم داۋاملىشىشىنى ساقلاپ، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئېشىپ قالغان نامرات نوپۇس، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قەرەلىدە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، بىرىكمە مۇشت ئېتىپ، يۈرگۈزۈشكە بولىدىغان ئۈنۈملۈك مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېزدىن تۈرتكە بولۇش، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، تىجارەتنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، مالىيە جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، تىجارەت ـ سودا مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيەنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ئالتە جەھەتتىن 24 تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇش جەھەتتە، «پىكىر»دە مۇنۇلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئاھالە مۇلازىمەتى تۈرى، قاتناش ـ ترانسپورت تۈرى، ئەمەلىي نەرسىلەرنى توپ سېتىش تۈرى، يېمەك ـ ئىچمەك تۈرى قاتارلىق ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىگە چېتىلىدىغان ساھەلەردىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكانقەدەر تېز تەشكىللەپ، ئادەم ئىشلىتىش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەشيا ئوبوروتى مۇلازىمىتى كاپالىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. تىجارەت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە، باجنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش، ئۆي ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش، سۇ، توك، پار خىراجىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش، ئالاقىدار مۇلازىمەت ھەققىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىشنى يولغا قويۇپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەت تەننەرخىنى ھەققىي تۆۋەنلىتىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە ئارقىلىق يۆلەش جەھەتتە، قەرز پۇل ئارقىلىق قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، قەرز پۇل مۇددىتىنى ئۇزارتىش، ناچار قەرز پۇل نىسبىتىگە تاقەت قىلىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، سۇغۇرتا مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايون يەنە مالىيە جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇكاپات، تولۇقلىما سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ، بولۇپمۇ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشنى قوللاپ، ئۆلچەم بويىچە بەلگىلىك ياردەم تولۇقلىمىسى تارقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون كەڭ قورساقلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، تىزىملاش ـ ئىجازەت بېرىش جەھەتتە قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مۇلازىمەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ساھەلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق تىجارەت ـ سودىغا مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ.

يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىدارىسىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيەسى كېڭەيتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ئىدارىسىنىڭ نامى ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار ۋە يەككە خۇسۇسىي ئىگىلىك تەرەققىياتى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاقىدار خىزمەتلەرگە بىرتۇتاش مەسئۇل بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چېتىنگىچە بولۇش، ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، چۈشۈرۈپ قويماسلىق، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماسلىق، ئاق قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى.

كەڭ دائىرىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز كەنتمۇكەنت تولۇق تەكشۈرۈش، ئۆيمۇئۆي ئىنچىكە ئەھۋال ئىگىلەش، تۈرمۇتۈر ئاساسىنى ئېنىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان پايدىسىز ئامىللارنى كۈچەپ تېپىپ چىقتى، جىددىي تولۇقلاشقا تېگىشلىك كەمتۈكلۈكلەر ۋە ئاجىز تۈرلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ تاپتى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئاھالىلەرگە «قايتا قاراپ چىقىش»، نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىنى ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش ھەم «ئىككىنى ئېنىقلاش، بىرنى تەكشۈرۈش» ئاساسىدا، مەركەزلىك ھالدا ئۈچ ئاي ۋاقىتتا، جەمئىي 193 مىڭ 500 كادىرنى قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» «ئۈچ دەل جايىدا بولۇش» «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 95 ناھىيە، شەھەر، رايون، 924 يېزا ـ بازار، 9406 كەنت(مەھەللە)، 3 مىليون 290 مىڭ دېھقان ئائىلىسى ھەم ھەر دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەركىبىدىكى ئورۇنلارنى تولۇق قاپلاش ھالىتىدە رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈردى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز 24 تارماق ئورۇننىڭ سانلىق مەلۇماتىنى سېلىشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تارماقلارنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن ھەمبەھرلىنىش، بىرلىشىپ تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرلىرىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇپ، مەسىلە بايقالغان ھامان ئەسكەرتىپ ھەل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر مەسىلە، بىر يۈرۈش تەدبىر، بىر مەسئۇل كىشى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىش تىزىملىكى تۈزۈپ، تۈزىتىش نىشانى، تۈزىتىش قەرەلى، تۈزىتىش تەلىپى ۋە تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تىزىملىك بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، تۈزىتىلگەنلىرىنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈش، تىزىملىك بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق تۈرگە ئايرىپ ھەل قىلىش، تۈزىتىشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى يەنىمۇ پۇختىراق تولۇقلاپ، ئۇلنى يەنىمۇ مۇستەھكەمرەك سېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىتالىيە ھۆكۈمىتى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار كەسكىن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، جۇڭگو تەرەپ بۇنى قەتئىي قوللايدۇ، ئىتالىيە تەرەپنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. بىز ئىتالىيە تەرەپ ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئىتالىيە تەرەپكە داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىلىرىنى كۆپەيتىپ ئەۋەتىمىز ھەم داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى قاتارلىق جەھەتلەردە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىمىز. جۇڭگو تەرەپ ئىتالىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خەلقئارا ھەمكارلىقى، «ساغلام يىپەك يولى» بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىم قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى ۋە ئۆزئارا ئىشەنچى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، جۇڭگو ـ ئىتالىيە ھەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقى تېخىمۇ كەڭ كەلگۈسىنى كۈتۈۋالىدۇ.

كونتې مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلدى، بۇ، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە نىسبەتەن غايەت زور ئىلھام بولدى، شۇنداقلا ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىدى، ئىتالىيە تەرەپ تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىتالىيە تەرەپ قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە بەرگەن قىممەتلىك قوللىشى ۋە ياردىمىگە رەھمەت، بۇ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى، مەن ئىتالىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو تەرەپكە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئىشىنىمەنكى، يۇقۇم ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىتالىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى جەزمەن تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ.

قەتئىي تۈردە مەكتەپلەردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ـ تىزگىنلىشىنىڭ نۇقسانسىز بولۇشى ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپ قوماندانلىق مەركىزى، ئوقۇتۇش بىناسى، ئاشخانا، داۋالاش ئۆيى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەرسخانا ئوقۇتۇشى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق ـ تاماقى ھەم يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ تولۇق 3 ـ يىللىق، تولۇقسىز 3 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنى جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، يۇقۇم دەخلى قىلغان ۋاقىتنى قەتئىي قايتۇرۇپ كېلىپ، ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىنى كۈتۈۋېلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى مەزگىلدە پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك نورماللىشىپ، تولۇق 3 ـ يىللىق، تولۇقسىز 3 ـ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى بىلەن ئوقۇش باشلىشى، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، قەتئىي تۈردە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى، ساغلاملىقى، مەكتەپلەرنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، تىنچ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئۆگۈشلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇش كېرەك. «ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىر كۆرسەتمىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)»گە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە دائىر تۈرلۈك تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنى ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەندە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيە قىلىشنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دەرسخانا، ياتاق، ئاشخانا قاتارلىق ئادەم زىچ رايون ۋە نۇقتىلىق ئورۇنلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مەركەزلىك غىزالىنىش ۋە توپلىشىپ پائالىيەت ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مائارىپ ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى ئىلمىي، بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۇختا، تەرتىپلىك ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئوقۇتۇش پىلانىنى تەڭشەپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيدە ئۆگەنگەنلىرى بىلەن ياخشى جىپسىلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى، دەرسلىك ماتېرىيالى، دەرسخانا قاتارلىق ئوقۇتۇش بايلىقلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئارقا سەپ كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك. كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مەكتەپلەر تولۇق 3 ـ يىللىق، تولۇقسىز 3 ـ يىللىقلارنىڭ ئوقۇش باشلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمدىن مۇداپىئەلىنىش دەل جايىدا بولۇش، مەكتەپلەر بىخەتەر بولۇش، ئوقۇتۇش تەرتىپلىك بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەتىياز پەسىللىك ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى مائارىپ ئوقۇتۇشى خىزمىتىدە ياخشى باشلىنىش بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى رىبەن خوا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بىللە بولدى.